## 122622 ـ مۇزاربىه قىلغان پۇلدىن ئايلىق ئىش ھەققى ئالسا توغرا بولامدۇ؟ بۇ توغرىدا بەزى شەرتلەرنى قىلىشقان بولسىچۇ؟

---

### سۇئال

مۇزاربىەت سودىسىدا ئېلىنغان پايدا پۇل چىقارغۇچى تەرەپ بىلەن كۈچ چىقارغان تەرەپ كېلىشىپ ئۆز-ئارا ئىتتىپاققا كەلگەن نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ، مېنىڭ سوئالىم: ئىككى تەرەپ ئىتتىپاققا كەلگەن كېلىشىمدىن سىرت مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ھەر ئايدا مۇقىم مائاش بېكىتىپ بېرىشى شەرىئەتتە توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئالاھنىڭ رەھمىتى، سالامى ۋە بەرىكىتى بولسۇن.

مۇزاربىەت كېلىشىمدە، ـبۇ پىقھى كىتابلىرىدا: قەرز بېرىش دېيىلىدۇ-مال ئىگىسى بىلەن مېلى ۋە خىزمەتچى بىلەن خىزمىتى ئارىسىدا شېرىكچىلىك كېلىشىمى بولىدۇ، مۇزاربىەت كېلىشىمىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن: " مال ئىگىسىنىڭ ئاساسلىق سەرمايىسىگە كاپالەتلىك قىلىنمايدۇ، مال ئىگىسىگە تۇراقلىق مۇقىم ھەقمۇ بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا دەسلەپتە ئىتتىپاقلاشقان نىسبەت بويىچە پايدا ئايرىپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭدەك خىزمەتچىمۇ دەسلەپتە ئىتتىپاق كەلگەن نىسبەت بويىچە قىلغان خىزمىتىنىڭ ھەققىنى ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: خىزمەتچىنىڭمۇ دەسلەپتە ئىتتىپاققا كەلگەن پايدا نىسبىتىدىن سىرت قىلغان خىزمىتىنىڭ بەدىلىگە مۇقىم-تۇراقلىق ھەق ئېلىشىنى توغرا ئەمەس دەپ قارىدى، چۈنكى تىجارەتتە ئېلىنغان پايدا پەقەت خىزمەتچى ھەر ئايدا ئالغان مۇقىم ھەق بولۇپ، مال ئىگىسىگە بىر نەرسە قالماسلىقى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ كىشى مېلى بىلەن شېرىك بولغان بولسا، ئۆزىمۇ ھەم بىر كىشىلىك خىزمەت قىلغان بولسا قىلغان خىزمىتىنىڭ ھەققىنى ئالسا دۇرۇس بولىدۇ، ھەتتا شېرىك بولمىغان كىشىمۇ قىلغان خىزمىتىنىڭ ھەققىنى ئالىدۇ، بۇ مەسىلىدە ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

مانا بۇ مۇزاربىەتنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارشىدۇر. سوئالدا بايان قىلىنغان مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ھەر ئايدا مۇقىم مائاش ئېلىشى بۇ ئەقدە-كېلىشىمنى بۇزىدۇ. بۇ توغرىدا:

ئا-شەيخ سەيد سابىق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۇزاربىە كېلىشىمدە تۆۋەندىكى شەرتلەر شەرت قىلىنىدۇ:

1–سەرمايە نەخ بولۇش، ئەگەر نەخ پۇل بولماستىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى زىبۇ ـ زىننەت ۋە تىجارەت ماللىرى بولۇپ قالسا توغرا بولمايدۇ.

ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىز بىلىدىغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى، مۇزارىبەتتە باشقىلاردىن ئالىدىغان قەرزنى سەرمايە قىلسا توغرا بولمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاققا كەلگەن".

2–سەرمايىنىڭ مىقدارى مەلۇم بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ ئۈلۈشىدىغان پايدا بىلەن سەرمايىنىڭ ئارىسى ئېنىق بولۇشى لازىم.

3–مۇزارىبەت قىلغۇچى بىلەن خىزمەت قىلغۇچى ئامىلنىڭ ئۈلۈشىدىغان پايدىسى يىرىمدىن بولامدۇ ياكى ئۈچتىن بىرمۇ ياكى تۆتتىن بىرمۇ بۇنىڭ نىسبىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «خەيبەر ئەھلىنى چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى بېرىش كېلىشىمگە ئاساسەن خىزمەتكە سالغان».

ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىز بىلىدىغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى، ئەگەر مەبلەغ سالغۇچى ياكى خىزمەت قىلغۇچى ياكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ئۈچۈن مەلۇم نىسبەتتە ھەق بېكىتىۋالغان بولسا بۇنىڭ بىلەن مۇزارىبەت كېلىشىمى بىكار بولۇپ كېتىدۇ دېگەنگە بىرلىككە كەلگەن".

بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى: ئەگەر ئىككەيلەننىڭ بىرى ئۆچۈن مالدىن مەلۇم مىقدارنى شەرت قىلسا، ئۇ ۋاقىتتا ئەگەر پايدا مۇشۇ مىقداردا چىققان بولسا ئۇنى شەرت قىلغان كىشى ئالىدۇ، يەنە بىر تەرەپكە بىر نەرسە قالمايدۇ، بۇ ئىككى كېلىشىم قىلغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەنپەئەتلىنىشنى مەقسەت قىلغان مۇزارىبەت كېلىشىمىنىڭ مەقسىتىگە زىت كېلىدۇ.

4–مۇزارىبە ئىشى مۇتلەق بولۇشى كېرەك، مالنىڭ ساھىبى مېلىدا تىجارەت قىلىدىغان كىشىگە تىجارەتنى مەلۇم شەھەردە قىلىسىز ياكى مەلۇم تۈردىكى مال بىلەن قىلىسىز ياكى مۇنداق ۋاقىتتا قىلىسىز ۋە مۇنداق ۋاقىتتا قىلمايسىز، تىجارەت ئىشلىرىنى ۋە مۇئامىلىنى پەقەت مەلۇم كىشىلەر بىلەنلا قىلىسىز دېگەندەك شەرتلەرنى قويماسلىقى كېرەك، چۈنكى تىجارەت دائىرىسىنى مەلۇم شەرتلەر بىلەن چەكلەپ قويۇلغاندا، كۆپۈنچە ۋاقىتتا بۇ تىجارەتتە مەقسەت قىلىنغان پايدىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مال ساھىبى شەرت قىلماسلىقى كېرەك، ئەگەر شەرت قىلسا مۇزارىبە كېلىشىمى بۇزۇلىدۇ. بۇ ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئى مەزھىپىدىكى قاراشلاردۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ قارشىغا كۆرە: ئۇلار بۇ شەرتلەرنى شەرت قىلماي مۇنداق دېدى: مۇزارىبەت كېلىشىمى مۇتلەق دۇرۇس بولغاندەك، مەلۇم شەرتلەر بىلەنمۇ دۇرۇس بولىدۇ.
مۇزارىبەت قىلىدىغان ۋاقىتنى بېكىتىشمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس، بۇ كېلىشىمنى قاچان قىلسا ياكى خالىغان ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك مۇزارىبەت كېلىشىمىنىڭ پەقەت مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا

بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمان بىلەن غەيرى مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا بولسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ". [“پىقھى سۈننە” 3 ـ توم 205–207 ـ بەتلەر].

ب ـ ھەنەفى مەزھىپىدىكى مەشھۇر ئالىم ئىمام كاسانى رەھىمەھۇللاھ مۇزارىبەت كېلىشىمىنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇزارىبەتنىڭ شەرتلىرىدىن: مال ساھىبىغا ۋە مۇزارىبەت ئىشىنى قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئومۇمى پايدىدىن يېرىم ياكى ئۈچتىن بىر ياكى تۆتتىن بىر بېرىلىدۇ دەپ شەرت قىلىنغان بولسا دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئىككەيلەننىڭ بىرى ئۈچۈن مەلۇم مىقدار ياكى سان بېكىتىلگەن بولسا، پايدىدىن يۈز دىرھەم ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياكى كۆپرەك ئالىدۇ دېگەننى شەرت قىلغان بولسا، بۇنداق شەكىلدە شەرت قىلىش توغرا بولمايدۇ، ئارىدىكى مۇزارىبەت كېلىشىمى بىكار بولىدۇ، چۈنكى مۇزارىبەت كېلىشىمى دېگەن پايدىدىكى شېرىكچىلىكنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شەرت پايدىدىكى شېرىكچىلىكنى ئۆزۈۋېتىدۇ. پەرزەن: مۇزارىبەت تىجارىتىنى قىلغۇچى پەقەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مىقدارنىلا پايدا ئالغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ شەرت قىلىنغان كىشىگە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپكە بىر نەرسە قالمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقى شېرىكچىلىك ئەمەلىيلەشمەيدۇ، بۇ شەكىلدىكى ئىش مۇزارىبەت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىككەيلەننىڭ بىرى ئۈچۈن يېرىمى ياكى ئۈچتىن بىرى ۋە يۈز دىرھەم بېرىش ياكى يۈز دىرھەملا بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى مۇزارىبەت كېلىشىمى دېگەن پايدىدىكى شېرىكچىلىكنىڭ بىر تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شەرت پايدىدىكى شېرىكچىلىكنى بىكار قىلىدۇ. پەرزەن: مۇزارىبەت تىجارىتىنى قىلغۇچى پەقەت يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مىقدارنىلا پايدا ئالغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ شەرت قىلىنغان كىشىگە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپكە بىر نەرسە قالمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقى شېرىكچىلىك ئەمەلىيلەشمەيدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن بۇ شەكىلدىكى ئىش مۇزارىبەت بولمايدۇ. [ “بەدائى سەنائى” 6 ـ توم 85–86 ـ بەتلەر].

ج ـ شافىئى ئالىم شىرازى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: “ئىككەيلەندىن بىرى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا دىرھەمنى خاس قىلىپ ئاندىن قالغانلىرىنى ئۆز ـ ئارا تەقسىم قىلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بەزى ۋاقىتتا خاس قىلغان شۇ دىرھەم ھاسىل بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، بەزى ۋاقىتتا شۇ دىرھەمدىن باشقا نەرسە ھاسىل بولماسلىقى مۇمكىن شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ”. [ “ئەلمەجمۇ شەرھى مۇھەززەب” 14 ـ توم 366 ـ بەت].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: مۇزارىبەت قىلىپ يەنە ئىش قىلغۇچى ئۈچۈن مۇقىم ئايلىق ئىش ھەققى بېكىتىش توغرا بولمايدۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن پەقەت مال ساھىبى بىلەن ئىتتىپاق كەلگەن مىقدار بېرىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.